قىزىل يىڭناغۇچ چۈچەكلەر مەجمۇئەسى

# سېھىرلىك چىراغ



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى

13

قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# سېھىرلىك چىراغ



ئۆزگەرتىپ تۈزگۈچى: شياۋ شى
تەرجىمە قىلغۇچى: روشەنگۈل تۇرسۇن

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى

1. سېھىرگەر مەنسۇر جۇڭگودىكى بىر ئۆڭكۈردە بىر سېھىرلىك چىراغ بارلىقىنى بىلىپ، ئۇ ئۆڭكۈرنى ئىزدەپ تېپىپتۇ.



2. ئەمما ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزى بەك تار بولغاچقا، سېھىرگەر كىرەلمەپتۇ. قانداق قىلىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا گۈل ئۈزۈۋاتقان ئالاۋىددىننى كۆرۈپ قاپتۇ.



3. سېھىرگەر ئالاۋىددىنغا بىر ئۈزۈك بېرىپ: «بۇ ئۈزۈك سېنىڭ ئامانلىقىڭنى ساقلايدۇ. ئۆڭكۈرگە كىرىپ چىراغنى ئېلىپ چىققىن» دەپتۇ.



4. ئالاۋىددىن ئۆڭكۈردىكى چىراغنى ئېلىپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىغا كېلىپ سېھىر-
گەرگە ئىشىكنى ئېچىشنى ئېيتىپتۇ.






5. سېھىرگەر ھىيلىگەرلىك قىـ
لىپ: «ئالدى بىلەن چىراغنى بېرىپ،
ئاندىن چىققىن» دەپتۇ.

6. بۇنى ئاڭلىغان ئالاۋىددىن سېھىرگەرگە ئالدىنىپ قېلىشتىن قورقۇپ، ئاۋۋال ئىشىكنى ئېچىشنى ئېيتىپتۇ.



7. سېھىرگەر ئالاۋىددىننى ھەرقانچە قىلىپمۇ گېپىگە كىرگۈزەلمەي، ئۆڭكۈر-
نىڭ ئاغزىنى ئېتىۋېتىپتۇ. ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە قالغان ئالاۋىددىن بەك قورقۇپتۇ.





8. ئالاۋىددىن مەقسەتسىزلا ئۆزۈكنى سۈرتۈپتىكەن، شۇئان ئۆزۈك ئىلاھى ئۈنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ: «ھەي يىگىت، نېمە ئىشىڭ بار، مەن تەييار» دەپتۇ.

9. ئالاۋۇددىن ئۇنىڭدىن ئۆزىنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئۈزۈك ئىلاھى دەرھال ئۇنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداپتۇ.





10. ئانىسى ئالاۋىددىننىڭ كونا بىر چىراغنى ئەكەلگەنلى-
كىنى كۆرۈپ، ئۇنى ساتماقچى بولۇپ پاكىز سۈرتۈپتۇ. ئويلىمى-
غان يەردىن ئۇلارنىڭ ئالدىدا چىراغ ئىلاھى پەيدا بوپتۇ.

11. چىراغ ئىلاھى: «سىلەرگە نېمە كېرەك؟» دەپ سوراپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئالاۋىددىن: «بىزگە يېمەكلىك كېرەك» دەپتۇ. بىردەمدىلا ئۈستەلنىڭ ئۈستى مول نازۇ نېمەتلەرگە تولۇپتۇ.





12. بىر كۈنى ئالاۋۇددىن بۇدۇل مەلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسن - جامالىغا ئاشىقى بىقارار بوپتۇ.



13. ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، چىراغ ئىلاھىغا: «مەن بۇ-
دۇل مەلىكىنى ئەمرىمگە ئالىمەن، ماڭا كاتتا قەسىر كېرەك،
سەن مېنى كاتتا بايغا ئايلاندۇرۇپ قويغىن» دەپتۇ.

14. چىراغ ئىلاھى ئۇنىڭ تەلىپىنى تولۇق ئورۇنداپتۇ. ئالاۋىددىن مەلىكىگە توي قىلىش تەلىپىنى قويۇپتىكەن، پادىشاھمۇ قوشۇلۇپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇلار بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.



15. ئالاۋىددىن بىلەن مەلىكىنىڭ توي قىلغانلىق خەۋىرى بىر دەمدىلا يىراقتا تۇرۇۋاتقان ھېلىقى سېھىرگەرنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ-دە، ئۇ يەنە جۇڭگوغا كەپتۇ.



16. سېھىرگەر سودىگەر قىياپىتىدە ياسىنىپ سېھىرلىك چىراغقا ئوپمۇ ئوخشاش چىراغتىن بىرنى ياساپ، مەلىكىنىڭ دېرىزىسىنىڭ يېنىغا كۆتۈرۈپ كېلىپ: «كونا چىراغقا يېڭى چىراغ تېگىشىمەن!» دەپ راسا توۋلاپتۇ.





17. سېھىرلىك چىراغنىڭ سىرىنى بىلمىگەن مەلىكە چىراغنى تېگىشىۋېتىپتۇ. شۇئان سېھىرگەر چىراغ ئىلاھىغا: «مەلىكە بىلەن قەسىرنى ئافرىقا قىتئەسىگە يۆتكە-ۋەت» دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ.




18. ئالاۋىددىن ئۆيگە قايتىپ كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، قەسىرنىڭ ئورنىدا بىر پارچە يەرلا تۇرغۇدەك. ئۇ ئۈزۈكنى سۈرتۈپ، ئۈزۈك ئىلاھىدىن زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ.

19. ئۈزۈك ئىلاھى ئالائۇددىننى ئافرىقىغا ئەكىلىپ قويۇپتۇ. ئۇ شۇ يەردە ئۆز ئايالى بىلەن قايتىدىن كۆرۈشۇپتۇ.



20. ئالاۋىددىن سېھىرگەرنىڭ يوقلۇ-
قىدىن پايدىلىنىپ مەلىكىگە بىر بولاق
دورا بېرىپ، ئۇنى سېھىرگەرنىڭ تامىقىغا
سېلىپ قويۇشنى ئېيتىپتۇ.



21. سېھرگەر تاماقنى يەپلا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئۇ سېھىرلىك چىراغنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا: «سېھىرگەرنى تاغنىڭ ئۆڭكۈرىگە سولىۋەتكىن» دەپتۇ.



22. ئالاۋىددىن قەسرىنى جۇڭگوغا كۆچۈرۈپ كەپتۇ. پادىشاھ مەلىكە ۋە ئالاۋىددىن
بىلەن قايتا ئۇچرىشىپ بەك خۇشال بوپتۇ.





23. كۈنلەر ئۆتۈپ، كېيىن ئالاۋىددىن يۇرتقا پادىشاھ بوپتۇ. ئۇ چىراغ ئىلاھىغا ئېيتىپ قۇملۇقنى بوستانلىققا ئايلاندۇرۇپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

مەسئۇل مۇھەررىرى : ماھىنۇر غوپۇر
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى : ئازات بارات



ISBN 978-7-80547-813-5

总定价:12.00元 每册价:2.00元(维)